شىنجاڭ ياخشى جاي

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرى گۈل دېڭىزىغا ئايلىنىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ گاڭ، رېن جياڭ، جاڭ جىلى، دۇڭ لياڭ**

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ تيانشان گۈل دېڭىزى مەنزىرە رايونىدا، 700 مو يەردىكى ھال رەڭ قىزىل بۇيا پورەكلەپ ئېچىلدى. «مەنزىرە رايونىمىز 4000 مودىن ئارتۇق يەرنى ئوبوروت قىلىپ، گۈل تاماشا قىلىش ساياھىتىنى يولغا قويدى، ھازىر ھەپتە ئاخىرىدا نەچچە مىڭ كىشى مەنزىرە رايونىغا كېلىپ تاماشا قىلدۇ» دېدى مەنزىرە رايونىنىڭ مەسئۇلى ياڭ جەنئېن.

بۇ مەنزىرە رايونىغا ئېرىشۆلەن، كۆك سەبدە، قىزىل بۇيا، ئاپتاپپەرەس قاتارلىق گۈل - گىياھ ۋە زىرائەتلەر تېرىلغان بولۇپ، 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، ساياھەتچىلەر مەنزىرە رايونىدا ئوخشاش بولمىغان گۈل دېڭىزى مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گۈل تاماشا قىلىش ساياھىتىنى چۆرىدەپ بەرپا قىلىنغان بىر تۈركۈم گۈل دېڭىزى مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

«بۇ يىل، كەنتىمىز 1100 مودىن ئارتۇق يەرگە بېدە، قىزىل بۇيا، سۇدان ئوتى قاتارلىقلارنى تېرىدى.» ئۈرۈمچى ناھىيەسى شۈيشىگۇ بازىرى كىچىك دۇڭگۇ كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ يۈفۇ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 2017 - يىلدىن باشلاپ، كىچىك دۇڭگۇ كەنتى ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونى بەرپا قىلىش پۇرسىتىنى پائال چىڭ تۇتۇپ، يېزا - كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 2000 مودىن ئارتۇق يەرگە پارس سەبدەرىسى ۋە يۇمىرېن تېرىپ، ھەيۋەتلىك «گۈل دېڭىزى» شەكىللەندۈردى.

ھەرقايسى جايلارمۇ گۈل تاماشا قىلىش ساياھىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، چىرايلىق گۈللەرنى دائىم ئېچىلدۇردى.

«بىز 50 مودىن 100 موغىچە يەر ئاجرىتىپ، مېۋە - كۆكتات ئۈزۈش ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پىلانلىدۇق، گۈلدىن ھوزۇرلانغاندىن باشقا ساياھەتچىلەر يەنە مېۋە - كۆكتات ئۈزۈش خۇشاللىقىدىن ھوزۇرلىنالايدۇ، ئورگانىك كۆكتاتلارغا ئېغىز تېگەلەيدۇ» دېدى ۋاڭ يۈفۇ.

2019 - يىلى چارۋىچىلار ئارامگاھىدىن 25نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ تيانشان گۈل دېڭىزى مەنزىرە رايونى بۇ يىل يەنە چارۋىچىلار ئارامگاھىدىن 25 نى بەرپا قىلدۇ.

قانداق قىلغاندا گۈل دېڭىزلىرىنىڭ ئوخشاش قېلىپتا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ ؟

گۈل دېڭىزى نارات يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيە ساياھەت باغچىسى ئەسلىدە بار بولغان تىزمىگۈل، ئۇستقۇددۇس، كېسان گۈلى قاتارلىق گۈل - گىياھلار ئاساسىدا، يېڭى گۈل - گىياھ تۈرىنى ئۈزلۈكسىز كىرگۈزدى، ھازىر كىرگۈزۈلگەن گۈل - گىياھ تۈرى 60 نەچچە خىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىچا، قارا بۇغداي قاتارلىق چېچەكلەيدىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، كاكىنەچ، قارىقات، مالىنا قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ، مېۋە ئۈزۈش ساياھىتىنى راۋاجلاندۇردى. «باغچە رايونى ‹يېزا ئىگىلىكى + ساياھەت›ئەندىزىسى ئارقىلىق، شەھەر بىلەن يېزا - كەنتلەر بىرلەشتۈرۈلگەن سەھرا ئۇنىۋېرسال گەۋدىسىنى بەرپا قىلدى» دېدى ساياھەت باغچىسىنىڭ ماركېتىڭ باش دىرېكتورى شۇ جېنۋېي.

توقسۇ ناھىيەسىنىڭ قۇملۇق گۈل دېڭىزى مەنزىرە رايونى بۇ يىل يېڭىدىن رەڭلىك سىردىلىش يولى قاتارلىق ساياھەت تۈرلىرىنى كۆپەيتتى. بۇ مەنزىرە رايونى 25 خىلدىن ئارتۇق ئەتىرگۈل تىكتى، تۈرى ئوخشاش بولمىغان ئەتىرگۈللەرنىڭ بەس - بەستە ئېچىلىشى ئۈچۈن، مەنزىرە رايونى پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق ئەتىرگۈل ماكانى بولغان خېنەن ئۆلكىسى نەنياڭ شەھىرىدىكى ئەتىرگۈل يېتىشتۈرۈش بازىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يېڭى تۈرلەرنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتتى.

ھازىر، پۈتۈن شىنجاڭدا گۈل تاماشا قىلىش ساياھىتى كۆپ مەنبەلىك يۇغۇرما تەرەققىياتقا يۈزلىنىۋاتىدۇ، ھەرقايسى جايلاردىكى گۈل تاماشا قىلىش مەنزىرە رايونلىرى ئېكولوگىيەلىك ساغلاملىق - كۆتۈنۈش، ئارام ئېلىش، سالقىنداش، تەتقىقات - ئوقۇتۇش ساياھىتى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىپ، كۆپ كەسىپ ھالىتىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەكلى خىلمۇخىل، خاسلىقى روشەن مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خاس داڭلىق ماركىسىنى شەكىللەندۈردى.

# ئاپتونوم رايونىمىز مۈلۈك مۇلازىمىتىنى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇردى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇجاۋنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى كۆپ تارماق بىلەن بىرلىشىپ «ئاپتونوم رايوننىڭ مۈلۈك مۇلازىمەت ساھەسىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمەت لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، مۈلۈك مۇلازىمەت ساھەسىنى مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۈلۈك باشقۇرۇش سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئالتە شەھەر (ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى، قۇمۇل شەھىرى، سانجى شەھىرى، كورلا شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى)نىڭ تۇرالغۇ مۈلۈك باشقۇرۇش بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى 90%تىن ئاشۇرۇش، شەھەر تەسىس قىلىنغان باشقا شەھەرلەرنىڭ تۇرالغۇ مۈلۈك باشقۇرۇش بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 85%تىن ئاشۇرۇش، ناھىيە بازىرىنىڭ تۇرالغۇ مۈلۈك باشقۇرۇش بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 80%تىن ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

بۇ قېتىمقى مەخسۇس تۈزەشتە مۈلۈك مۇلازىمىتى قېلىپلاشماسلىق، مۇلازىمەت ھەققى ئېلىش ئاشكارا، ئېنىق بولماسلىق، تۇرالغۇنى مەخسۇس رېمونت مەبلىغىنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر تۈزىتىلىپ، ئاممىنىڭ ئەرز قىلغان ۋە جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان دىققەت نۇقتا مەسىلىلىرى نۇقتىلىق قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، سەپلەنگەن خادىملار مۈلۈك مۇلازىمەت ئۆلچىمىنىڭ سەپلەش تەلىپىدىن تۆۋەن بولۇش، تەمىنلىگەن مۈلۈك مۇلازىمىتى توختامدا كېلىشكەن مۇلازىمەت ئۆلچىمىگە يەتمەسلىك، سۈپەت بىلەن باھا ماس كەلگەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىيەلمەسلىك؛ كىچىكرەك مۈلۈك باشقۇرۇش ئولتۇراق رايونلىرىدا ئۇنۇملۈك رايون بىرىكتۈرۈش يولغا قويۇلماسلىق، ئولتۇراق رايوننىڭ مۈلۈك مۇلازىمىتى قېلىپلىشىش تەلىپىگە يەتمەسلىك، مۈلۈك ئىگىلىرىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇش، زىددىيەت، ماجىرالار گەۋدىلىك بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر. مۈلۈك مۇلازىمەت ھەققى ئېلىش جەھەتتە، مۈلۈك مۇلازىمىتى كارخانىلىرى (مۈلۈك باشقۇرغۇچى) باھا باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە ياكى مۈلۈك مۇلازىمەت توختامىدىكى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، ھەق ئېلىش دائىرىسىنى ئۆز ئالدىغا كېڭەيتىش، تەكرار ھەق ئېلىش، مەجبۇرىي مۇلازىمەت قىلىش ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن مەجبۇرىي مۇلازىمەت قىلىش ھەم ھەق ئېلىش؛ باھانى بەلگىلىمە بويىچە ئېنىق يازماسلىق؛ ئۆتكۈزۈۋالغان ئالدىنقى مەزگىللىك مۈلۈك ياكى كاپالەتلىك ئولتۇراق رايوندا مۈلۈك مۇلازىمەت ھەققى، ئولتۇراق رايوندا ئاپتوموبىل توختىتىش ھەققى ئېلىشتا ھۆكۈمەت يېتەكچى باھاسىنى ئىجرا قىلماسلىق؛ ئالغان مۈلۈك مۇلازىمەت ھەققى، ئولتۇراق رايوندا ئاپتوموبىل توختىتىش ھەققى ۋە چىقىمنى قانۇن بويىچە ئېلان قىلماسلىق قاتارلىقلار نۇقتىلىق تۈزىتىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مۈلۈك مۇلازىمىتى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ، مۈلۈك مۇلازىمەت ھەققى، تۇرالغۇ مەخسۇس رېمونت مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشى تېخىمۇ مۇۋاپىق، ئاشكارا، ئېنىق بولىدۇ، ئاممىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ ھەل قىلىش نىسبىتى 90%تىن ئاشۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ مۈلۈك مۇلازىمىتىدىن رازى بولۇش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلىدۇ؛ كونا ئولتۇراق رايون، كۆلىمى كىچىكرەك ئولتۇراق رايونلاردا بىردەك مۈلۈك مۇلازىمىتى بويىچە باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، مۈلۈك مۇلازىمىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تەرتىپلىك قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاۋات شەھەر رايونىغا جايلاشقان بىر ئېغىز كىچىك دۇكاننى ئىجارىگە ئالدى. «ئىجارە ھەققى يۇقىرى ئەمەس، يېقىن ئەتراپتا ئادەم كۆپ» دېدى ئادىل.

ئەمەلىيەت ئادىلنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ئىسپاتلىدى. كىچىك دۇكاندا تىجارەت باشلانغاندىن بۇيان، تىجارىتى ئىنچىكە ناھايىتى ياخشى بولدى. ئەتراپتا ياشلار كۆپ، ئوقۇغۇچىلار كۆپ ئىدى. كىچىك دۇكاندىن ئادىل ھەر ئايدا 5000 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئادىل دۇكان ئېچىشنىڭ ئېپىنى ئاستا - ئاستا بىلىپ قالدى، ئۇ تېخىمۇ نەپ بېرىدىغان مال كىرگۈزۈش يولىنى ئىزدەشكە باشلاپ، مال تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ياشلارنى جەلپ قىلدى.

كاللىسى ئۆتكۈر ئادىل بۇ كىچىك دۇكان بىلەن چەكلىنىپ قېلىشنى خالىمىدى. دۇكاننىڭ يېنىدا بىر كىچىك مېھمانخانا بار بولۇپ، بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە، ئادىل مېھمانخانىنىڭ قايتىدىن بېزىلىدىغانلىقىنى، لېكىن لاۋبەنىنىڭ مەبلىغىنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ لاۋبەننى ئىزدەپ مېھمانخانىنى بېزەشكە پاي قوشۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لاۋبەن بۇنىڭغا قوشۇلدى، ئادىل ھەمكارلاشقۇچىغا ئايلىنىپ، ئايلىق كىرىمى كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. ئىلگىرى ئادىل ئىنچىكە نىمكەش يان تېلېفون ساتاتتى، دۇكان ئاچقاندىن كېيىن ئەسلىدىكى سودىسىنىمۇ تاشلىۋەتمىدى. ئادىل مۇنداق دېدى: «يان تېلېفون ئالىدىغانلار بولسا، دۇكاننى تاقاپ يان تېلېفون بازىرىغا بېرىپ كېلىمەن، بىر قېتىمدا ئەڭ ئاز بولغاندا 200 يۈەن پۇل تاپقىلى بولىدۇ».

«تىرىشقاندىلا قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ، تەلىيىمنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.» ئادىل خۇشال ھالدا كۈلۈپ كەتتى.

### ۋاقتىدا ئويغانغانلىقىمدىن خۇشال بولدۇم

ئىلگىرىكى تۇرمۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، ئادىل خىجىل بولغان ھالدا پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئۇ چاغدا بەك ياش ئىدىم، ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم، كۈنبويى يان تېلېفون بازىرىدا قاتراپ يۈرەتتىم، ھەممە يەرگە بېرىپ ئويناشقا، تاماشىغا ئامراق ئىدىم، كېيىن ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىم.» ئۇزۇن ساقال قويۇۋالغان «دوست»ى ئادىلغا ساقال قويمىغان، ناماز ئوقۇمىغانلار ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس، دېدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەرنى كۆپ ئاڭلاپ، ئادىلمۇ ئۇزۇن ساقال قويدى، يەنە دائىم ئاشۇ «دوست»لىرى بىلەن «يىغىلىش» قىلدى، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە كەلسە - كەلمەس قول تىقىشقا باشلىدى، ھە دېسىلا ئۇلارنى «ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس» دېدى.

دادىسى ئادىلنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا پەقەت چىداپ تۇرالماي، زېرىكمەي - تېرىكمەي نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا گېپىنى زادىلا ئاڭلىتالمىدى، مەھەللىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرى ئۇنى ئىزدەپ سۆھبەتلىشىپ مۇنداق دېدى: «قىلمىشىڭ تەرەققىي قىلىۋەرسە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ سالىسەن، ئەگەر ۋاقتىدا يولۇڭدىن قايتمىساڭ جىنايەت سادىر قىلىسەن.» بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئادىل مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تەدرىجىي ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تىزىملاتتى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئادىل ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۆز - ھەرىكىتىدىن قورقۇنچ ھېس قىلدى. «ئەگەر بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولسام، ئۆمۈر بويى تۈگەشكەن بولاتتىم.» ئادىل ئۆزىنىڭ ۋاقتىدا ئويغانغانلىقىدىن خۇشال بولدى، ئۇ خاتىرجەم ئۆگىنىشكە باشلىدى.

ئادىلنىڭ پۇتۇڭخۇا ئاساسى خېلى ياخشى بولۇپ، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق سەۋىيەسى تېز ئۆسۈپ، ئاڭلىيالايدىغان ھەم يازالايدىغان بولدى، تەلەپپۇزىمۇ ئۆلچەملىك بولدى. ئوقۇتقۇچى ئۇنى كىچىك يېتەكچى قىلىپ سايلىدى، ئۇ ھەر كۈنى باشقا تەربىيەلەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ كىتاب ئوقۇدى، ئوقۇتقۇچىلارغا ياردەملىشىپ بىر قىسىم يېزىق خىزمەتلىرىنى قىلىشىپ بەردى.

« تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تۇرمۇش ئاكتىپ، ساغلام، يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان بولۇپ، ئىنتايىن ياخشى كۆردۈم» دېدى ئادىل.

### جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك كۈچ قوشىمەن

ئادىلنىڭ خوتۇنى بىر خۇسۇسىي كارخانىدا ئىشلەيدۇ، بەزىدە خوتۇنى ئالدىراش بولۇپ قالغاندا، ئۇ يېشى تېخى كىچىك بالىسىغا قارايتتى. «بىرنەچچە كۈندىن بۇيان قېيىنئانام ئاغرىپ قالدى، خوتۇنۇم بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولغاندا، مەن ئۆيدە بولغاندىكىن خاتىرجەم بېرىۋېرىڭ» دېدىم. ئادىل مۇنداق دېدى: ئىككى ئادەم بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلگەندىلا، ئائىلە تۇرمۇشى تېخىمۇ ئىناق بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، ئادىل خېلى پىشىپ يېتىلدى. «تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئەر كىشى دېگەن مەسئۇلىيەتچان بولۇشى كېرەك دېگەن، مەن خوتۇنۇم ۋە بالامنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، تىرىشىپ ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن».

ئادىل ھەر كۈنى ئەتىگەندىلا دۇكاننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ تىجارىتىنى باشلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قانداق پۇل تېپىشنى ئويلايتتى. ئۇ كىچىك دۇكىنىدىكى ھاراق - تاماكىنىڭ سېتىلىشىغا قانائەت قىلماي، ئاشخانىلارغا كۆز تىكىشكە باشلىدى. ئادىل چوڭ - كىچىك كوچىلاردا مۇۋاپىقراق ئاشخانىنى كۆرسىلا، كىرىپ ھەر خىل ھاراقلارنى تونۇشتۇرۇپ ساتتى، گەرچە نۇرغۇن قېتىم بوسۇغىدىنلا يانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ غەيرەتلىك يىگىت يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، ئەڭ ئاخىرىدا سېتىش يولىنى ئاچتى. بىر خوگوخانا ئادىلنىڭ ئازراق مال ئەكېلىپ سىناپ بېقىشىغا قوشۇلدى، ئاخىرىدا، ھاراقنىڭ باھاسى مۇۋاپىق، ئادىلنىڭ ئىستىلى دۇرۇس بولغانلىقتىن، خوگوخانا لاۋبەنىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى، خوگوخانىدىكى ھاراقلارنىڭ ھەممىسىنى ئادىلنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشىگە قوشۇلدى.

بارا - بارا تېخىمۇ كۆپ ئاشخانا ئادىلنى تاللىدى. «يېقىندا يەنە تۆت ئاشخانىغا سېتىشنى كېڭەيتتىم.» ئادىلنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر كۈنى ئالتە كاۋاپخانا، ئىككى جياۋماجىخانا ۋە ئۈچ خوگوخانىغا مال يەتكۈزىدىكەن، كىرىمى بىراقلا خېلى كۆپ ئاشقان.

«بۇ ئىككى كۈندە بىر چوڭ ھاراق تەمىنلەش سودىگىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش ئۈستىدە كېڭىشىۋاتىمەن، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئېتىبار باھانى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.» ئادىل مۇنداق دېدى: دۇكاننىڭ يەر ئاستى ئۆيى ئىنچىكە بوش تۇرۇۋاتىدۇ، ئىجارىگە ئېلىپ ئىسكىلات قىلىپ، كەسپ مىقدارىنى يەنىمۇ كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتىمەن.

تىجارىتى قىلغانسېرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئادىل يەنە ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1 - ئاينىڭ ئاخىرى، يۇقۇم سەۋەبىدىن دۇكان ئېچىلمىغاندا، ئادىل باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەھەللىگە بېرىپ پىدائىي بولدى. مەھەللىنىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى شېرىنگۈل روزى مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: پىدائىيلار خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، ئادىل جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تاكى دۇكان ئېچىلغانغا قەدەر ئىشلىدى.

«تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىشتىن مەن جەمئىيەت ئىناقلىقىنىڭ ھەربىر كىشىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك كۈچ قوشۇشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشەندىم» دېدى ئادىل.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئېكسپورت قىلىنىدىغان پوسۇلكىلارنىڭ سانى تېز ئېشىپ، ئالاتاۋ پورتىنىڭ ئېكسپورت چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش كەسپىدە ئۇچقاندەك ئېشىش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى.

چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئالاتاۋ «ئالاتاۋ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا نۆۋەتچى پويىزى»نى تاموژنىغا مۇددەتتىن بۇرۇن مەلۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، پورتنىڭ ئۇنىۋېرسال تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش مۇھىتى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، پورتنىڭ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، تۆمۈريولدا توشۇيدىغان ۋە كونتېينېرلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى بىرلەشمە توشۇيدىغان ئەشيا ئوبوروتى يولىغا تايىنىپ، ئېلېكترونلۇق سودا كەسپى تەرەققىياتىنىڭ قارشى يۆنىلىشتە ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئالاتاۋ تاموژنىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش 2 - بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ياڭ ۋېيجياڭ مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە پورتتا ئاساسلىق نۆۋەتچى پويىز لىنىيەلىرىدىن چاڭئەن ناملىق پويىز لىنىيەسى، چېڭدۇ - شىنجاڭ - ياۋروپا، چۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا، جېڭجۇ - شىنجاڭ - ياۋروپا، ۋۇخەن - شىنجاڭ - ياۋروپا قاتارلىق 12 لىنىيە بار. 5 - ئايدىن بۇيان، پورتقا كىرىپ چىقىدىغان نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ سانى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېشىپ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 قېتىمغا، يەككە كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 22 قېتىمغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن توققۇزدىن ئون قېتىمغىچە زور دەرىجىدە ئاشتى. بولۇپمۇ چېگرادىن كىرگەن - چىققان پوچتا بۇيۇملىرى تېز يوللانمىسى، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا بويىچە تاموژنىدا يۆتكەپ توشۇش قاتارلىق جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا تايىنىپ قانات يايدۇرۇلغان يېڭى كەسپلەرمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا».

ئالاتاۋ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دائىمىي مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى پى لۇپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالاتاۋ چېگرا پورتى كەسپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى، ئىچكى قىسىمغا ماس كەلگەنلىرىنى ئىچكى قىسىمغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، سىرتقا ماس كەلگەنلىرىنى سىرتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىنى ئۆزئارا تولۇقلىما قىلغان ھەمتۈرتكىلىك تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسەتتىن جانلىق پايدىلىنىپ، باجدىن خالىي ئىمپورت - ئېكسپورت پىششىقلاش كەسپلىرىنى توپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 2 -، 3 - كەسپلەر ھەمتۈرتكە بولغان، دۆلەت ئىچى - سىرتى ھەمتۈرتكە تەرەققىي قىلىدىغان سىياسەت رايونىنى شەكىللەندۈردى.

نۆۋەتتە، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا ئالىبابا، ئامازون، خۇەنيۈتۇڭدا، يەنئۆبىن، دۇنخاۋ قاتارلىق خەلقئارادىكى داڭلىق ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرى ماكانلاشتى، پورتنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسى ئاساسلىقى ئويۇنچۇق، ئۆي جاھازلىرى، كىيىم - كېچەك، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق تاۋارلار بولۇپ، ماللار تۆمۈريول ترانسپورتى ئارقىلىق بېلگىيە، گېرمانىيەگە توشۇلىدۇ، ئاندىن ياۋروپا ئىتتىپاقى تاموژنىسىغا چېگرادىن كىرگۈزۈشنى مەلۇم قىلىپ، شۇ جايدىكى پوچتا ياكى دۇنخاۋ تېز يوللانمىسى، UPS تېز يوللانمىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق تەقسىملىنىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)